# ئىزدىنىش

(تاللانما)

12

1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 12-سان

(ئومۇمىي 126-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 19-، 20-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


مەملىكەتلىك كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى يەكۈنلەش، تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز
(1998-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى) ........................................ جياڭ زېمىن(2)

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز
(1998-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى) ........................................ جياڭ زېمىن(16)

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىدىن ئېلىنغان تارىخىي ئىلھام ........................................ يۈ يۈڭبو(33)


**★12-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)


---

# مەملىكەتلىك كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى يەكۈنلەش، تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(1998-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى)

جياڭ زېمىن

يولداشلار، دوستلار، خانىملار، ئەپەندىلەر:

ئۆتكەنكى بىرقانچە ئايدا، جۇڭگو خەلقى تارىختا ئاز كۆرۈلگەن چوڭ كەلكۈنگە قارشى قايناق-تاشقىنلىق كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، تاغنى تالقان قىلىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى. ھازىر بۇ كۈرەشتە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ جۇڭگو خەلقى ياراتقان يەنە بىر ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ نەتىجە.

بۈگۈن بىز مەملىكەتلىك كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتى بويىچە داغدۇغىلىق يەكۈنلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم تەجرىبىلەرنى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يەكۈنلەپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرغۇچى ھەربىيلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە قەھرىمان-نەمۇنىچىلەرنى ھەم ھەرقايسى سەپلەردە كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان يولداشلارنى تەقدىرلەيمىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرىدىن ئۆگىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتىشقا چاقىرىمىز.

مەن ھازىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، پارتىيىگە، ئارمىيىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلغان كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە ج خ كادىر-ساقچىلىرىغا، پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرى، داۋالاش-سەھىيە خىزمەتچىلىرى ۋە ئاخبارات خادىملىرىغا، شۇنداقلا بىرىنچى سەپتە كۈرەشكە قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! كەلكۈنگە قارشى

تۇرۇش، ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە مەملىكەتلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە، شۇنداقلا پارتىيە-گۇرۇھسىز زاتلارغا، خەلق تەشكىلاتلىرىغا، ئاپەت رايونىغا پائال ياردەم بەرگەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى ھەر ساھە ئەربابلىرىغا ۋە ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا، چەت ئەلدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە جۇڭگولۇقلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، نۇرغۇن دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى، ھۆكۈمەتلىرى، پارتىيىلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ۋە جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى، ب د ت نىڭ ئالاقىدار تەشكىلاتلىرى ۋە بىر قىسىم خەلقئارا ئاپپاراتلار، چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار شۇنداقلا خەلقئارادىكى دوست ئەربابلار ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا بىزگە ھېسداشلىق قىلدى ۋە مەدەت بەردى، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئۇلارغا سەمىمىي رەخمەت ئېيتىمەن!

بىز مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى، بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتىدە بەختكە قارشى قازا قىلغان قېرىنداشلارنى چوڭقۇر سېغىنىمىز ۋە ئۇلارغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز!

مەن كۆپچىلىكنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلىگە كىرگەندىن بۇيان، ھاۋا كىلىماتىدا غەلىتە ئۆزگىرىش بولدى، مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ھۆل-يېغىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپ بولدى، قىسمەن جايلاردا ئۇدا قارا يامغۇر يېغىپ، يامغۇر مىقدارى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئارقىسىدا بىر قىسىم جايلار ئېغىر كەلكۈن، ھۆلچىلىك ئاپىتىگە ئۇچرىدى. چاڭجياڭ دەرياسىدا 1954-يىلدىن بۇيانقى يەنە بىر قېتىملىق ئومۇمىي ئېقىن ۋادىسى خاراكتېرلىك چوڭ كەلكۈن كېلىپ، سۇ ئورنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سەككىز قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقتى، يىچاڭنىڭ تۆۋىنىدىكى 360 كىلومېتىرلىق دەريا بۆلىكى ۋە دۇڭتىڭخۇ، بوياڭخۇ كۆللىرىنىڭ سۇ ئورنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتتىن ئېشىپ كەتتى، شاشى شەھىرىدىكى دەريا بۆلىكىدە سۇ ئورنى 45.22 مېترغا ئۆرلەپ كەتتى. نېنجياڭ، سۇڭخۇاجياڭ دەريالىرىدا تارىختىكى رېكورتتىن ئېشىپ كەتكەن پەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈن كېلىپ، سۇ ئورنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقتى. جۇجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى شىجياڭ دەرياسى ۋە فۇجيەندىكى مىنجياڭ دەرياسىدىمۇ بىر مەھەل چوڭ كەلكۈن كەلدى. خۇبېي، خۇنەن، جياڭشى، ئەنخۇي، جياڭسۇ، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ دەريا، كۆل بويىدىكى نۇرغۇن شەھەر ۋە كەڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى كەلكۈننىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىدى.

بۇ قېتىمقى كەلكۈننى قەتئىي يېڭىش——خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى قوغدايدىغان زور كۈرەش، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىش جاسارىتى، ئىشەنچىسى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى

دۇچ كەلگەن جىددىي سىناق بولدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى، بولۇپمۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما ياردەمگە كەلگەن ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، مۇدھىش كەلكۈننى توسۇپ، كەلكۈنگە قارشى ھەيران قالارلىق، ھايات-ماماتلىق كۈرەش قىلدى. ئاخىرى چوڭ دەريا، چوڭ كۆللەرنىڭ توسما-تۇغانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مۇھىم شەھەر ۋە ئاساسلىق قاتناش غول لىنىيىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بۇ قېتىمقى پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈردى. بۇ قالتىس زور نەتىجە.

خەلقىمىز، خەلق ئارمىيىمىز، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ قەھرىمانانە ھەرىكىتى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يېڭى ئاجايىپ سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي ئاپەتنى يەڭگەن ئۇلۇغ ئىشى قاتارىدا تارىختىن ئورۇن ئالىدۇ. ھازىرقى زامان جۇڭگو خەلقىنىڭ تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ھەر خىل جاپا-مۇشەققەت، خېيىم-خەتەرلەرنى يېڭىشتىكى جاسارىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى دۇنيادا كەم كۆرۈلگەن!

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئۆزىنىڭ غايەت زور قۇدرىتى بىلەن ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردىكى خەلقنى بارلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، يۇرت-ماكانىنى قايتا قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە ۋە ئىلھاملاندۇرماقتا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە ۋە ئىلھاملاندۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر تەسىرى جەزمەن بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخىي جەريانىغا سىڭىدۇ.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاپەت رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جېنىجان مەنپەئىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، بۇ قېتىمقى كۈرەشكە بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىيلەر ۋە خەلق بىلەن باشتىن-ئاخىر قەلبداش بولۇپ، جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولدى. كەلكۈن مەزگىلىگە كىرگەندىن بۇيان، مەركەز ھاۋا كىلىماتىدىكى ئۆزگىرىش ۋە دەريالاردىكى كەلكۈن ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. مەركەز كەلكۈننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، چاڭجياڭ دەرياسى چوڭ توسمىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشقا كەڭ كۆلەمدە ئاتلاندۇرۇش، ئارمىيە بىلەن خەلقنى ماسلىشىپ

كۆرەش قىلىشقا ئۈيۈشتۈرۈشتەك زور تەدبىرنى بەلگىلىدى. مەركەز كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتىدە، ھەممە ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى چىقىرىپ، كەڭ ھەربىيلەر ۋە خەلقتىن ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر چىڭ تۇرۇشنى، يەنە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. دۆلەت كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش-قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش باش قوماندانلىق شتابى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىرلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن قوماندانلىق قىلىپ، ئىلمىي ھالدا كۈچ تەشكىللەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشتا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مۇھىم فاكىتېن، تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلار كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە بېتەكچىلىك ۋە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپەت بولغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ فاكىتېن ۋە تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلىدى. خەتەرلىك پەيتتە ۋە ھايات-مامات ئارىلىقىدا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كەينى-كەينىدىن نەق مەيدانغا بېرىپ، كەڭ ھەربىيلەر ۋە خەلققە ھەمدەم بولۇپ قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلدى. ئاساسىي قاتلاملاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى سىياسىي يادرولۇق ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، ئۇلار ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئۆزلىرى ئۆلگە كۆرسىتىپ، ھۇجۇم قىلىشتا ئالدىدا، چېكىنىشتە ئارقىدا تۇرۇپ، ئاما ئارىسىدا ياخشى ئۆلگە تىكلىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ چاقىرىقىغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇپ، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئوفتسېر-ئەسكەرنى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۆرىشىگە ئاتلاندۇردى. ئۇلار جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھنى ۋە ھاردىم-تالدىم دېمەي ئۇدا جەڭ قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىدى. جىڭجياڭ توسمىسىنى قوغداشتىن جيۇجياڭنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن يېرىنى ئېتىشكىچە، ۋۇخەندىكى بىرلەشمە جەڭدىن دۇڭتىڭخۇ كۆلى رايونىنى قوغداشقىچە، داچىڭ نېفىتلىكىنى قوغداشتىن خاربىندا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقىچە بولغان جەرياندا، قەيەر ئەڭ خەتەرلىك، قەيەردە ۋەزىپە ئەڭ مۇشكۈل بولسا، خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى شۇ يەردە ھازىر بولدى. جياڭجۇنلەردىن ئەسكەرلەرگىچە ھەممەيلەن باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، بەدىنى بىلەن يىمىرىلمەس مۇستەھكەم توسما ھاسىل قىلدى. بەزى كادىر، جەڭچىلەر قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ج خ كادىر-ساقچىلىرى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشقا پائال ئاتلىنىپ، جاپادىن قورقماي، ئاپەت بولغان رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ ئوفتسېر-ئەسكەرلىرى پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن يېڭى تارىخىي

خىزمەت كۆرسەتتى.

خەلق ئاممىسى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساسىي كۈچ ۋە ھەقىقىي قەھرىمان. كەلكۈننىڭ تەھدىتى ۋە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان رايونلاردا، خەلق ئاممىسى شىددەتلىك كەلكۈن ئالدىدا گاڭگىراپ قالمىدى، يۇرت-ماكانى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان پەيتلەردىمۇ ئۈمىدسىزلەنمىدى، روھى چۈشۈپ كەتمىدى، ئۇلار چىداپ تۇرۇپ تېخىمۇ روھلۇق ھالدا كەلكۈنگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. ئوغلى قۇربان بولسا، دادىسى ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى؛ ئېرى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولسا، خوتۇنى ئورنىدا ئىشلىدى. ئۇلار كىچىك ئائىلىسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، چوڭ ئائىلىنى قوغداپ، قىسمەنلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئومۇمىيلىقنى قوغداپ، ناھايىتى يۇقىرى ئاڭ سەۋىيىسى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئىپادىلىدى. سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە، گىدرولوگىيە قاتارلىق ساھەلەر-دىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى؛ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن داۋالاش-سەھىيە خادىملىرى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە كېسەللەرنى داۋالاپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشقا قاتناشقان ھەربىيلەر ۋە خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاخبارات خادىملىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، جاپا-مۇشەققەت، خېيىم-خەتەردىن قورقماي بىرىنچى سەپكە بېرىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشقا قاتناشقان ھەربىيلەر ۋە خەلقنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-پائالىيەتلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى؛ ئالاقە، تۆمۈريول، قاتناش سەپلىرىدىكى ۋە باشقا سەپلەردىكى يولداشلار-نىڭ ھەممىسى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنى قوللاشنى بىرىنچى ئورۇندىكى مۇھىم ۋەزىپە دەپ بىلىپ، زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىزمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم تۆھپە قوشتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئاپەت بولغان رايونلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاق بولۇش، دوست ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا قۇتقۇزۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىرىنچى سەپتىكى ھەربىيلەر ۋە خەلققە زور كۈچ بىلەن خالىسانە ياردەم بەردى. چېكىسىگە ئاق سانجىغان قېرىلاردىن قىزىل گالستۇك تاقىغان بالىلارغىچە، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلاردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغىچە 1 مىليارد 200 مىليون خەلق بىر كىشىدەك ئىتتىپاقلاشتى. جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىدا پۈتۈن مىللەت بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان جۇشقۇن كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، پۈتۈن مىللەت بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ، كەلكۈن-ھۆلچىلىك ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتەك ھەيۋەتلىك مەنزىرە نامايان قىلىندى.

"شىددەتلىك كەلكۈن ئالدىدا قەھرىمانلار خىسلىتىنى نامايان قىلدى." پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلى-رىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقىنى، خەلقنىڭ چاكىرى دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئارمىيىمىز ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق تامامەن ئىشىنىدىغان

قوشۇن ئىكەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان پولات ئىستىھكام ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم تۈۋرۈك ئىكەنلىكىنى، يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئامىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگو خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغان، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدە غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچى بارلىقىنى، ھەرقانداق قىيىنچىلىق، ھەرقانداق خېيىم-خەتەرنىڭ ئۇلارنى يىقىتالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشكەندە، بەزى كىشىلەر، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئىجتىمائىي مەنپەئەت كۆپ خىللىشىۋاتقان ئەھۋالدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ قويارمۇ؟ جۇڭگو خەلقىدە قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى بولارمۇ؟ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىنى ساقلاپ قالارمۇ؟ دېگەن گۇمانىي سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى بۇ سوئاللارغا مۇنازىرىسىز پاكىتلار بىلەن يەنە بىر قېتىم جاۋاب بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتى ئۆزگەرمىدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇنلۇق سىياسىي خىسلىتى ئۆزگەرمىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئېسىل ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇش روھى ئۆزگەرمىدى. بۇلار ھازىر ئۆزگەرمەيلا قالماستىن، كەلگۈسىدىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. مۇشۇنداق پارتىيە، مۇشۇنداق ئارمىيە، مۇشۇنداق خەلق بولغان يەردە، ئالەمشۇمۇل مۆجىزە ياراتقىلى بولىدۇ.

جاپالىق كۈرەشلەر ۋە ھايات-ماماتتا بىللە بولۇش، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش سەرگۈزەشتىسى پارتىيە بىلەن خەلق ئامىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك ئالاقىسىنى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئامىسىنىڭ قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى مىسلىسىز كۈچەيتتى، پۈتۈن مىللەتنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مىسلىسىز مۇستەھ- كەملىدى. بۇنداق ئىدىيىۋى، سىياسىي بايلىق ئىنتايىن قىممەتلىك، بىز ئۇلارنى ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز، مەڭگۈ ساقلىشىمىز لازىم.

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئالغا بېسىش يولىدىكى ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى—ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرغان، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، سەممىمىي سادىقلىق بىلەن مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ. خەلق ئارىسىدىن كەلگەنلىكى، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقانلىقى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى—بۇ، پارتىيىمىزنىڭ توغرا لۇشيەننى تۈزۈپ چىقالىشى، خەلقنى ئەڭ كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ ئۈزلۈكسىز غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى

تۈپ سەۋەب. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا يۇقىرى ئابروي ۋە كۈچلۈك چاقىرىق قىلىش كۈچىگە ئىگە بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئىبارەت بۇ رەھبەرلىك يادروسى بولغانلىقتىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش دەرىجىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيدى ۋە ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، تەبىئەتنى ئېچىش جەھەتتىكى ئىجاد قىلىش كۈچىمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيدى ۋە ئۆستى. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ يېڭى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىز خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى قوغداپ، سىياسىي خېيىم-خەتەرنىڭ چوڭ سىنىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتۇق. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، بىز ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي خېيىم-خەتەرنىڭ چوڭ سىنىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتۇق. بۇ قېتىم بىز يەنە پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈننىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، تەبىئىي ئاپەت خېيىم-خەتىرىنىڭ چوڭ سىنىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتۇق. بىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىمىز پارلاق. لېكىن ئالغا بېسىش يولىمىز ئەگرى-توقاي، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنداق ياكى ئۇنداق خېيىم-خەتەرگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئورتاق كۈرەش قىلىدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا، ئۇزۇن سەپەردىكى ھەر خىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تامامەن بىمالال تاقابىل تۇرغىلى، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل جاپا-مۇشەققەت ۋە خېيىم-خەتەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ، كۈچلۈك خوجايىنلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈپ پايدا-زىيان توقۇنۇشى يوق. ئومۇمەن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغانلىكى ئىشلار مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ۋە ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئېلىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن سىياسىي ئۈستۈنلۈكى، بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، تارماقلىرى "بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش" ۋە "پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات" دېيىلگەن بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىسمەن مەنپەئەتنى بىر پۈتۈن مەنپەئەتكە، كۆز ئالدىدىكى

مەنپەئەتنى كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇپ، قالتىس ھەيۋەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى نامايان قىلدى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، چوقۇم ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى خەلق، پەقەت خەلقلا تارىخنى يارىتىدىغان ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى، خەلق ئىشلىرىمىز تەرەققىياتىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەت بۇلىقى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. خەلققە چىڭ تايانغانلىقى ئۈچۈنلا، پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي داستانلىرىنى ئۈزلۈكسىز يېزىپ چىقالىدى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئىلگىرىكى بارلىق تارىخىي خاراكتېرلىك غەلىبىلەرگە ئوخشاش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلق كۈچىنىڭ غەلىبىسى. جۇڭگو خەلقى جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈشتەك قىممەتلىك روھنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشتەك مەردانە جاسارىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. ھەر بىر جۇڭخۇا پەرزەنتى بۇنىڭدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىدۇ، ئۆزىنى چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرىدىغان، ئەڭ تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلا بولسا، چوقۇم تارىختا ۋە دەۋرگە مۇناسىپ ئۇلۇغ ئىشلارنى داۋاملىق ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، غەلىبە مەڭگۈ ئىشچان، باتۇر جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ.

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئېلىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھەر خىل خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىملىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، بىز باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدۇق، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى پەللىگە ئۆرلىدى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. دۆلىتىمىز خېلى كۈچلۈك ماددىي كۈچ ۋە تېخنىكا كۈچىگە ئىگە بولدى، خەلقىمىز تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ، تېخىمۇ جۇشقۇن مەنىۋى كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ چىقتى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە، بىز بىر مەيدان قاتتىق جەڭنى تازا ئوبدان قىلدۇق. جەزمەن غەلىبە قىلىش جاسارىتى ۋە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش روھى بولمىغان، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بولمىغان، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۆسمىگەن بولسا، بۇنداق قاتتىق جەڭنى قىلالمايتتۇق. ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان ماددىي ئاساسىمىز بولمىغان بولسا، سۇچىلىق،

مېتېئورولوگىيە، گىدرولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى تېخنىكا تەرەققىياتىمىز بولمىغان بولسا، مۇنداق غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلبىسى بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇشىمىزنىڭ ئۇلۇغ غەلبىسى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش، تاشقى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىش، چەت ئەللەرنىڭ ئىلمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بارلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىش—سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزنىڭ مۇقەررەر يولى.

كەلكۈن بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىز ئىنتايىن ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلدى. ئۇ بولسىمۇ ھەممەيلەن بىر قەلب بولۇپ ئۇيۇشۇپ، يەكدىللىق بىلەن كۈرەش قىلىش، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش، ئىرادىدىن قايتماي، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئۇلۇغ روھىدىن ئىبارەت.

ھەممەيلەننىڭ بىر قەلب بولۇپ ئۇيۇشۇپ، يەكدىللىق بىلەن كۈرەش قىلىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى گەۋدىلەندۈردى. نەچچە مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى دەريا توسمىسىدىن پايەختتە بېيجىڭغىچە، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدىن سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغىچە، دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەردىن چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغىچە، ئالدىنقى سەپتىن ئارقا سەپكىچە ھەممە جاينىڭ قەدىمى بىردەك بولدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ھەمكارلاشتى، جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ كۈچى بىر يەرگە يىغىلدى. ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتىنىڭ ھەر بىر مۇھىم پەيتىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى تولۇق نامايان قىلىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئۇيۇشۇش كۈچى بولسىلا، بىز مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

قىيىنچىلىقتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق جاسارىتىنى گەۋدىلەندۈردى. دەھشەتلىك كەلكۈن ئالدىدا، ھەر بىر كىشىنىڭ دۇنياقارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى كەسكىن سىناققا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھايات-ماماتلىق پەيت، شۇنداقلا قەھرىمانلار ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پەيت. بۇ ئۇلۇغ كۈرەشتە، ئۆلۈم خەۋپىدىن باش تارتماي، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلغان نۇرغۇن قەھرىمان مەيدانغا كەلدى. گاۋ جيەنچېڭ، ۋۇ لياڭجۇ، جۇ جىچېڭ، ۋاڭ جەنچېڭ، لى چاڭجى، ياڭ شياۋفېي، چېن شېنتاۋ، باۋ شىتۇ، سۇڭ بو، دۇڭ گۇاڭلىن، لو دىيەنسۇ، ما دىيەنبىڭ قاتارلىق يولداشلار شۇلارنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى. بىر قەھرىمان يىقىلسا، مىڭلىغا-تۇمەنلىگەن قەھرىمان دەس تۇردى. مۇشۇنداق ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، مەردانىلىك بىلەن خەۋپ-خەتەرگە ئاتلىنىدىغان جەسۇرانە جاسارەت يەر-زېمىننى لەرزىگە سالدى، جاھاندىكىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. مۇشۇنداق ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا جۇڭگو خەلقى

دۇنيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا مەڭگۈ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

ئىرادىدىن قايتماي، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش جۇڭگو خەلقىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ۋە چوقۇم غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى گەۋدىلەندۈردى. كەڭ ھەربىيلەر بىلەن خەلق كەلكۈنگە قارشى جان تىكىپ ئېلىشىپ، قىيىنچىلىق ۋە خەتەردىن قورقماي باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىپ، نەچچە قېتىملىق دەھشەتلىك قىيان ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، شىددەتلىك كەلكۈن ئالدىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ دەسسەپ تۇردى. كەلكۈن سۈيى بىر گەز ئۆرلىسە، ھەربىيلەر ۋە خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسى بىر ھەسسە كۈچەيدى. ئەھۋال قانچە جىددىيلەشسە كەڭ ھەربىيلەر ۋە خەلق شۇنچە قەيسەر بولۇپ، ئاجايىپ جاسارىتى ۋە ھەيران قالارلىق ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. مۇشۇنداق جاسارەت ۋە ئىرادىدىن شەكىللەنگەن ئاجايىپ زور كۈچ-قۇدرەت تۇرغاندا يەڭگىلى بولمايدىغان يەنە قانداق قىيىنچىلىق بولسۇن!؟

بىرەر مىللەت، بىرەر دۆلەتتە روھىي تۈۋرۈك بولمىسا، جان بولمىغانلىق بىلەن باراۋەر، بۇ مىللەت، بۇ دۆلەت ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان بولىدۇ. كۆتۈرەڭگۈ مىللىي روھنىڭ بار-يوقلۇقى بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بىر ئۆلچەم. ئۇنىۋېر-سال دۆلەت كۈچى دېگىنىمىزدە ئاساسەن ئىقتىسادىي كۈچ، تېخنىكا كۈچى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، بۇنداق ماددىي كۈچ ئاساس، لېكىن ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى مىللىي روھ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ، روھىي كۈچمۇ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ماركسىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، مەلۇم شارائىتتا روھ ماددىغا ئۆزگىرىدۇ، روھىي كۈچ ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. قۇدرەتلىك روھىي كۈچ ماددىي كۈچ ۋە تېخنىكا كۈچىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، مەلۇم ماددىي كۈچ، تېخنىكا كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ زور رول ئوينىتىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە قىلالايدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزگىچە ئۇلۇغ مىللىي روھقا ئىگە. بۇ مىللىي روھ مىڭ يىلدىن بۇيان يېتىلگەن جەۋھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەزمۇنى مول، يىلتىزى چوڭقۇر، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھايات ئورگانىزمىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم قىسمى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى بەش مىڭ يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا ساناقسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرۈپ ئېتىقادىنى چىڭىتكەن، مىڭبىر جەۋر-جاپانى بېشىدىن كۆچۈرۈپ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرغان، ۋەتىنىنىڭ گۈزەل زېمىنىنى ئېچىپ، گۈللەندۈرۈپ، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش روھى—ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىستىك روھنىڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇشى، پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي روھىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى مەركەزلىك ئىپادىسى ۋە يېڭى تەرەققىياتى.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش روھى پارتىيىمىز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئىنقىلابىي روھ ۋە يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھىغا ئوخشاش ئېلىمىز خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، بىز

ئەۋلادىمۇ ئەۋلاد مۇشۇ روھقا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەپ يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۇرۇشىمىز لازىم.

ھازىر، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۇرۇپ، بۇ يىلقى ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشماقتا. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى بۇ خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاكتىپ ئىشلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرىلەش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بۇ يىلقى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نىشانىغا يېتىشى لازىم.

ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلار ئالدى بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يۇرت-ماكانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ خىزمەتنى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئورنىدا تۇتۇشى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي دەلىللەش ئاساسىدا ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تۇرمۇشنى بىر تۇتاش پىلانلاش، يۈزەكى تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈش، ھازىرقى بىلەن كەلگۈسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش يولىنى تۇتۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلىشى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يۇرت-ماكانىنى قايتا قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇندىشى لازىم.

ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىش لازىم. ھازىرقى جىددىي ۋەزىپە—ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش. ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى بارلىق كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، چوڭ ئاپەتتىن كېيىن كەڭ دائىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش—ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. ئاممىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن ئېتىزلارنى جىددىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللەپ، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش لازىم. ئېلېكتر، ئالاقە، قاتناش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىشقا دىققەت قىلىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ھەر جەھەتتىكى ئامىللارنى تەڭ نەزەرگە ئېلىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى بالدۇرراق گۈزەل يۇرت-ماكانىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇش

خىزمىتىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى لازىم. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشتا جارى قىلدۇرغان ئاشۇنداق غەيرەت، قىزغىنلىق، پىداكارلىق روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچى ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈشى لازىم.

كەلكۈن-ھۆلچىلىك ئاپىتى ئەزەلدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە تەھدىت سېلىپ كەلمەكتە، بۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىشى لازىم. بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتى بىزنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، بىز ناھايىتى ئېغىر بەدەل تۆلىدۇق. تەبىئىي ئاپەت يامان ئىش، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش ئارقىلىق تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىق يەكۈن چىقىرالايدۇ، شۇ ئارقىلىق تەبىئەتتىن تېخىمۇ ئىلمىي ھالدا پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. مانا بۇ ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىنىڭ دىئالېكتىكىسى.

بىز بۇ قېتىمقى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشتىكى يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەسىلىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ئىلمىي، مۇۋاپىق پىلان ۋە لايىھە تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم. بۇ خىزمەت ناھايىتى مۇھىم، بۇنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئىنسانلار تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ، تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ، لېكىن بىز ھەر بىر قەدەم باسقاندا شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەرگىز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدا تۇرمايدۇ، بىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بارلىق كۈچىمىز تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشتىن كېلىدۇ. ئېنگېلس بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىملىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. تارىخىي پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كىشىلەر تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تونۇشتا ئۇنى دەرھاللا تولۇق ئىگىلەپ كېتەلمەيدۇ. قانۇنىيەتلىك نەرسىلەر كۆپىنچە ھادىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشى ئارقىلىقلا كىشىلەر تەرىپىدىن تېخىمۇ ئېنىق بىلىنىدۇ. ئىلگىرى بىلمىگەن نەرسىلەرنى ھازىر بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ھازىر بىلمىگەن نەرسىلەرنى كەلگۈسىدە بىلىۋالغىلى بولىدۇ. گەپ بىزنىڭ شۇنداق قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىزدا، تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئاڭلىق تونۇپ ۋە توغرا ئىگىلەپ، تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىزدا، بۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا پايدىلىق.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلىپ، دەريا-كۆل-لەرنى كەڭ كۆلەمدە تۈزەپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ۋە سۇ-تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كەلكۈندىن، ھۆلچىلىكتىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئىزچىل ياسىشىغا تەشكىلاتچىلىق ۋە رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇلدۇرۇش داۋامىدا بىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بۇ جەھەتتە توپلىغان خىزمەت نەتىجىلىرىمىز مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ كەلكۈن-ھۆلچىلىك ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى تېخى يۇقىرى ئەمەس، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش جەھەتتە تېخى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلە بار. كەلكۈن-ھۆلچىلىك ئاپىتى دەريا ۋە كۆل بويىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىگە ھەر ۋاقىت خەۋپ يەتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلە. بۇ يىل مۇشۇنداق زور كەلكۈن ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ھاۋا كىلىماتى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆزگىرىپ، ھۆل-يېغىن كۆپ بولدى، دېمەك، بۇ ئاپەت ئاساسەن تەبىئەت ئامىلىدىن بولدى. ئەلۋەتتە، بىز ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى، دەريا-كۆللەرنىڭ لاتقىغا تولۇپ تىنىپ كەتكەنلىكى، سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىمىزنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىق رېئال مەسىلىلەرگىمۇ جىددىي قارىشىمىز، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېتەرسىز تەرەپلەرنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ئازايتىشىمىز لازىم. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەر تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش، يۈزەكى تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشنى بىرلەشتۈ-رۈش، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پايدىلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن زىيانلىق ئىشلارنى تۈگىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، سۇ مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە تەڭ ئېتىبار بېرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشنى تەڭ تۇتۇش يولىنى تۇتۇشىمىز لازىم. مەركىزىي كومىتېت ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئومۇمىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، گوۋۇيۈەنمۇ كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈ-رۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. مۇھىمى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ھەقىقىي ياخشىلاش، دەريا-كۆل-لەرنى تۈزەش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. قىسقىسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى تۈپتىن ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

يولداشلار، دوستلار،

ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان 20-ئەسىردە، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، مىسلى

كۆرۈلمىگەن شانلىق نەتىجە ياراتتى. كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى ئەسىردە، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ يولىنى بويلاپ باتۇرانە ئىلگىرىلەپ، ۋەتەننى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشقا تىرىشىدۇ!

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1998-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى)

**جياڭ زېمىن**

يېقىندا تارقىتىلغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانغان. مەركەز يەنە مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇ قېتىمقى خىزمەت يىغىنىنى ئېچىپ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قارار قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغاپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتىش مەقسەت قىلىنغان. مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»دا پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئېنىق سۆزلەندى، ھازىر ئەڭ مۇھىمى ھۆججەتنى ياخشى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش. مەن بۈگۈن تۆۋەندىكى تۆت مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتە خەلقئارا ۋە ئىچكى ئومۇمىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرۇش كېرەك

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى پۈتۈن پارتىيىدە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ

شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاشنى چاقىرىق قىلدى. 15-قۇرۇلتايدىن بۇيان مەركەز يەنە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن بەك مۇھىم.

ئەڭ مۇھىمى، بۇ پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئېھتىياجى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بولغانلىقى پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى جەھەتتىكى ئەڭ زور ئۈستۈنلۈكى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، ئەڭ ئاساسلىقى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايانغانلىقىمىزدىن بولدى. بىز 15-قۇرۇلتايىنى نامايەندە قىلىپ، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. 15-قۇرۇلتاي بېكىتكەن تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشتا ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىمىز. نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان ئىسلاھات ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى. مەركەز بىر قاتار توغرا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى كۈچەيتتى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملىدى، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ئوڭشىدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشىدى، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆلىمىنى كېڭەيتتى، ئىچكى بازارنى يەنىمۇ ئاچتى، ئېكسپورتنى تۈرلۈك چارە-ئاماللار بىلەن كۆپەيتتى، خەلق پۇلى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق ساقلىدى. گەرچە ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولساقمۇ، دۆلىتىمىز يەنىلا ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئېشىشىنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنى كۆرمەي بولمايدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادى ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ئىنتايىن مۈشكۈل، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر كۆپ. بىز ئالغا بېسىش يولىدا يەنە پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ۋە پەرەز قىلىش قىيىن بولغان قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ھازىر دۇنيادا داۋاملىق زور ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارا قۇرۇلمىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ

روشەن بولماقتا، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق راۋاجلانماقتا، دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولماقتا، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشمەكتە، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت كۈندىن-كۈنگە كەسكىن بولماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى تارىخىي پۇرسەت يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا جىددىي خىرىسقا باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىزنىمۇ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىنى، بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق مېڭىسىنى ئاڭلىق قوراللاندۇرۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگەنمىسەك ۋە تەتبىقلىمىساق، پۈتۈن پارتىيىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، توغرا ئالغا بېسىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، دۇچ كەلگەن مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىشلىرىمىزدا داۋاملىق يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ھەر خىل خېيىم-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ۋە تاقابىل تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىنى ساقلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كادىرلار قوشۇنىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىنىڭ تۈپ تەلىپى. كۆپ يىللىق ئۆگىنىش، تەربىيىلەش ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىنىڭ چېنىقتۇرۇشى ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئۇلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تايانچلىق رول ئوينىدى. بۇ ئاساسىي تەرەپ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پارتىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، دۇنيادىكى ھەر خىل ئىدىيە، مەدەنىيەت بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر خىل كاشىلىلارنى ۋاقتىدا پەرق ئېتىپ ۋە تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىدا چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىق پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن جىددىي سىناق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور كۆپچىلىك رەھبىرىي كادىر يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە پائال ماسلىشىپ، تىرىشىپ ئۆگەندى، چېنىقتى، ئۈزلۈكسىز ئالغا باستى، ئۆسۈپ يېتىلدى؛ يەنە بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەي، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ كەينىدە قالدى؛ يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشى ۋە سىياسىي

بوران-چاپقۇنلارنىڭ زەربىسگە بەرداشلىق بېرەلمەي موللاق ئاتتى. بۇ، ھەقىقەتەن زور سىناق بولدى. كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، مېڭىسىدە ماركسىزم كەمچىل بولۇش ھەتتا بولماسلىق ئورتاق سەۋەب. ھازىر كادىرلار قوشۇنىمىز ياشانغانلارنىڭ ئورنىغا ياشلار چىقىدىغان مۇھىم دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ. زور بىر تۈركۈم ياش كادىر ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقىپ پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. پارتىيە ۋە خەلق ئۇلاردىن زور ئۈمىد كۈتۈۋاتىدۇ. ياش كادىرلار چوقۇم سەگەك بولۇشى، رەھبەرلىك ئورنىغا چىققانىكەنمىز، ئىدىيە-نەزەرىيە سەۋىيىمىز، سىياسەت سەۋىيىمىز ۋە خىزمەت ئىقتىدارىمىز تەبىئىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، دەپ ئويلىماسلىقى كېرەك. بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئۇلار ئورغۇن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئويلايدۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. لېكىن نەزەرىيىۋى ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، خىزمەتتە ئىشۋازلىققا بېرىلىپ كېتىدۇ، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر ئەمەس، شەيئىلەرنى سىياسىي ۋە ئومۇمىيەت جەھەتتىن كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنى ئايرىيالمايدۇ، بەزىلىرى ھەتتا خاتا نەرسىلەرگە ئەگىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىنتايىن گەۋدىلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنى تۈپ ئاساسىدىن ئۆستۈرگەندىلا، لاياقەتلىك رەھبەر بولالايدۇ. ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنى بولغاندىلا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئىشەنچلىك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەركەز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى قوللاندى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، پۈتۈن پارتىيىدە نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن باشلاپ تۇتۇلدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولدى؛ نەزەرىيە ئۆگىنىش نەزەرىيە تەتقىقاتى، نەزەرىيە تەشۋىقاتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، پەيدىنپەي كېڭەيتىلدى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش خىزمىتى

ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىدە غايەت زور رول ئوينىدى. لېكىن نەتىجىلەرنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلىۋېتىشكە بولمايدۇ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بىر تەجرىبىسى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ھەر قېتىم زور تارىخىي پەيتتە تۇرغاندا پارتىيىمىز نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىدۇ. ھازىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى زور تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بۇ تەجرىبىگە ئەھمىيەت بېرىش، بۇ تەجرىبىدىن ياخشى پايدىلىنىش تولىمۇ مۇھىم. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلار دۇنياغا يۈزلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئومۇمىيىتىدىن ئىبارەت يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

## 2. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش 15-قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى، شۇنداقلا نەزەرىيە ئۆگىنىش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاشنىڭمۇ ئاساسىي تېمىسى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتە، ئۇنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە

كۈچ سەرپ قىلىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئاساسىدا يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى 15-قۇرۇلتاي بېكىتكەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا يەنىمۇ ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاشتىكى "يېڭى" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش خىزمىتىنى تۇتۇشتا غەيرەتكە ئىلھام بېرىش دېگەندىكى "غەيرەت"نى مۇشۇ يەرگە سەرپ قىلىش كېرەك؛ نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆلچەشتە نەزەر-دائىرىنىمۇ مۇشۇ يەرگە قارىتىش كېرەك. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇردى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسى تېخىمۇ ئازاد بولدى، روھى تېخىمۇ ئۇرغۇدى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا دادىل ئىزدەندى، قىيىنچىلىقلارغا قارىماي ئىلگىرىلىدى، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت، دىپلوماتىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلىرى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. ئەمەلىيەت 15-قۇرۇلتاي چىقارغان تۈرلۈك زور تەدبىرلەرنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر كۆڭلىگە ياقىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىملىقىنى ئىسپاتلىدى. 15-قۇرۇلتاي نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسىدە بىر قاتار يېڭى بۆسۈشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇلارنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاسان ئەمەس. ئون ئايدىن بۇيانقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى يولداشلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشىدە مۇنداق ياكى ئۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكلەر، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بۇ 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي ئېقىم ئەمەس، ئومۇمىي ۋەزىيەتتە بىرەر مەسىلە كۆرۈلدى، دېگەنلىك ئەمەس، بىراق ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ زور دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇش ۋە ئىگىلەشنى ئېلىپ ئېيتساق، جۇڭگونىڭ مېڭىۋاتقىنى سوتسىيالىزم يولى، بۇ دۆلەت ئەھۋالى؛ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئۇزاققىچە دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرىدۇ، بۇمۇ دۆلەت ئەھۋالى. سوتسىيالىزم بىلەن دەسلەپكى باسقۇچنى بىرلەشتۈرۈپ تونۇش ۋە ئىگىلەش كېرەك. سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش — يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك ۋە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توغرا تاللىشى. جۇڭگونى سوتسىيالىزمدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغۇزۇش تامامەن خاتا، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. بۇ خىل ئىسلاھات سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، ھەرگىز كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللانغانلىق ئەمەس. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا سوتسىيالىزمغا، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. قىسقىسى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تونۇش ۋە توغرا ئىگىلەش كېرەك. بىز مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئىش بېجىرگەندە، قارار چىقارغاندا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشىمىز، بۇ ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ 15-قۇرۇلتاينىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى يېڭى تەرەققىياتى، سوتسىيالىزم ئاساسىي پرىنسىپىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا چىڭ تۇرۇلۇشى ۋە تەتبىقلىنىشى. بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىز سوتسىيالىزم، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىشنى، يول كۆرسىتىشنى بەلگىلىگەن، بۇنىڭدىمۇ قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى قەتئىي تەۋرەنمەسلىكنى بىرلەشتۈرمەي، بىر تەرەپلىما تەكىتلىسەك، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ كېتىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرالمايمىز. 15-قۇرۇلتايدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ھەم شۇنداق قىلىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇمۇ يېڭى تەرەققىيات. پاي تۈزۈمى زامانىۋى كارخانىنىڭ بىر خىل كاپىتال تەشكىللەش شەكلى بولۇپ، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىشقا، كارخانا بىلەن كاپىتالنىڭ ئىشقا سېلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. لېكىن پاي تۈزۈمى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكلىنىڭ بىر خىلى، بىردىنبىر شەكىل ئەمەس. شۇڭا

"ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش"كە، "شامال چىقىرىش"قا بولمايدۇ، پاي تۈزۈمى يولغا قويۇلسىلا ھەممە مەسىلە ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارىماسلىق كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىدا "چوڭلىرىنى تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇپ بېرىش"نى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ، دۆلەت ئىگىلىكىنى ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنىڭ زور تەدبىرى، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشنىڭ توغرا فاڭجېنى. ئۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا چۈشىنىش، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. "چوڭلىرىنى تۇتۇش"تا خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ تىپتىكى تايانچ كارخانىلارنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. "چوڭلىرىنى تۇتۇش" جەريانىدا رايون، كەسىپ، مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتتىن ھالقىپ تىجارەت قىلىدىغان چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى قۇرغاندا، كاپىتالنى ۋاستە قىلىپ، بازار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ياخشى تەقسىملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كارخانىلارنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك، شارائىتقا قارىماي قانچە چوڭ بولسا شۇنچە ياخشى دېيىشكە بولمايدۇ، چات كېرىۋېلىشقا، زورمۇزور قوشۇۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، "كىچىكلىرىنى قويۇپ بېرىش"تىن مەقسەت "جانلاندۇرۇش"، بۇنىڭدىمۇ پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاش، كىچىك كارخانىلارنىڭ مۇھىم رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. "تاشلىۋېتىش"كە، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشتا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېلىش، ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى، سېتىش قاتارلىق كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكلىنى قوللىنىش كېرەك، ئۇنى سېتىشتىن ئىبارەت بىر خىل شەكىلگىلا ئېسىلىۋېلىشقا، سېتىۋېتىپ كارى بولمايدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى پائال، پۇختا ئېلىپ بېرىش، كارخانىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىش، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۈلكىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. "ئىسلاھات" نامى بىلەن خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى شەخسنىڭ قىلىۋېلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ، پارتىيىمىزنىڭ باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ كەلگەن كۆرەش نىشانى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىز دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت دۆلەت تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز

مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىن بولۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردۇق، سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردۇق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا سىياسىي جەھەتتىن تېخىمۇ كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدۇق. بۇنى مەردانىلىك بىلەن سۆزلەش كېرەك. بىز يېزىلار ۋە شەھەرلەردە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۇق. 15-قۇرۇلتايدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز 15-قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق قەتئىي ئالغا سۈرۈۋاتىمىز. بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشى كېرەك، غەربنىڭ كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە، ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش، ئىككى پالاتا تۈزۈمى دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پارتىيە رەھبەرلىكى، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكى ئاچقۇچ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساس، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كاپالەت، بۇ ئۈچ ئىشنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە، قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەدەم-باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش كېرەك. دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرىدىكەنمىز، قانۇنچىلىقنى تەكىتلەيدىكەنمىز، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دەپ قاراش خاتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار رەھبەرلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى، رەھبەرلىك قىلىشقا ماھىر بولۇشى، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك.

مېنىڭ يۇقىرىدىكىلەرنى تەكىتلىشىم، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئۆگىنىش ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى چۈشىنىش، ئىگىلەشتە يېڭى ئۇتۇق ھاسىل قىلىشىنى، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىم. مەن بۇ يەردە ئىنتايىن جىددىي بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن، ئۇ بولسىمۇ، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېنلىرىنى ۋە مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنى

تىرىشىپ ئۆگىنىش، توغرا چۈشىنىش، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، قەتئىي قوغداش مەسئۇلىيىتىلا باركى، ئۇلارنى ئىجرا قىلماسلىق ياكى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىش هوقۇقى هەرگىز يوق، تىلى هەسەل، دىلى زەهەر بولۇشقا، ئالدىدا ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بولۇپمۇ ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇر-غان-ئاشۇرمىغانلىقىغا قاراشتا ئېغىزدا نېمە دېگەنلىكىگە، شوئارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە قاراشقا بولمايدۇ، مۇهىمى هەرىكىتىگە قاراش كېرەك. سىياسەتنى تەكىتلەش كېرەك دېمىز، مانا بۇ ناهايىتى مۇهىم سىياسەت؛ ئىنتىزامنى تەكىتلەش كېرەك دېمىز، مانا بۇ ئىنتايىن مۇهىم ئىنتىزام. ئەگەر چۈشىنىش جەھەتتىكى ئېغىش تۈپەيلىدىن هەرىكەت جەھەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ئۇنىڭ خاتالىقىنى مەركەز كۆرسەتكەن ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغاندىن كېيىن دەرهال تۈزىتىشى كېرەك، تۈزەتسىلا ياخشى.

## 3. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتە ئوبيېكتىپ دۇنيا-نى ئۆزگەرتىش بىللە سۇبيېكتىپ دۇنيانى تىرىشىپ ئۆزگەرتىش كېرەك

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — مۇكەممەل ئىلمىي سىستېما، ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىزدىكى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال، سۇبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشىمىزدىكىمۇ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، بىردەك ئىكەنلىكى، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىدە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە ئائىت مەزمۇن ئىنتايىن مول. يېڭى دەۋردە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىشى، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشى، كوممۇنىزم غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇشى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىنى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاشتا چىڭ تۇرۇشى، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشتا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيە نىزامنامىسىگە ئەمەل قىلىش، پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ بايان قىلغان. بۇ بىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ماركسىزملىق دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىزدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە، بىز ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى نېمە ئۈچۈن گەۋدىلىك تەكىتلەيمىز؟ بىز شۇغۇللىنىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىي ئىش. ئەگەر مېڭىمىزدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنياقاراش بولمىسا، چىگىش، مۇرەككەپ بولغان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى توغرا مەيدان ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە ئارقىلىق تونۇپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىشىمىز؛ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا چۈشىنىپ ۋە ئىجرا قىلىپ، خىزمەتتە ئېغىشتىن ساقلىنىشىمىز، دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ ئالغا بېسىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. يەنە شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتىمىزدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ، يېڭى شەيئى، يېڭى بىلىم، يېڭى ئىدىيىلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، ھەر خىل پاسسىپ، چىرىك نەرسىلەرمۇ ھەر ۋاقىت كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتكەندىلا، ياخشى نەرسە بىلەن يامان نەرسىنى پەرقلەندۈرۈپ، ياخشى نەرسىنى قوبۇل قىلىپ، يامان نەرسىنى چەكلىيەلەيمىز، ئۆتكەندىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا بىز كوممۇنىستلار ھەر دائىم ھايات-ماماتلىق سىنىقىغا دۇچ كەلگەندۇق. بۈگۈنكى تىنچ شارائىتتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا گەرچە بەزىدە ھايات-ماماتلىق سىنىقىغا دۇچ كەلسەكمۇ، لېكىن كۆپ ئۇچرايدىغان، دائىم ئۇچرايدىغان سىناق ھوقۇق، مەرتىۋە ۋە مەنپەئەت سىنىقى بولىدۇ. بۇ سىناقمۇ ئىنتايىن كەسكىن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى كادىرلار، جۈملىدىن بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە سەل قاراپ ۋە ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ، پۇل ۋە ماددىي مەنپەئەت قاتارلىقلارنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۆزىنىڭ نامىنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، پارتىيە ۋە دۆلەتكە ئېغىر زىيان كەلتۈردى. مەركەزنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشىنى كۈچەيتىپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشنى قايتا-قايتا تەكىتلىشى پارتىيە ئىچىدىكى نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئاساس قىلغان. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتە چوقۇم سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»دا مۇنۇلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: رەھبىرىي كادىرلار سۇبيېكتىپ دۇنيانى

ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىشتە تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى مەسىلىنى ئېتىبار بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك: بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىشى، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى كېرەك: ئىككىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە باشتىن-ئاخىر بىردەك بولۇشى، مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىجرا قىلىشى كېرەك: ئۈچىنچى، مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە ھەر خىل خېيىم-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىش، تاقابىل تۇرۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى، تىنچ شارائىتتا خېيىم-خەتەرنى ئويلىشى، ئۇزاققىچە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك: تۆتىنچى، ئاممىا بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كۆپ جەھەتتىن تىرىشىش كېرەك. ئۇنىڭ ئاساسىي يولى يەنىلا نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى قورالنى ئىگىلەش؛ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئوزۇق ئېلىش؛ پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىدا ئۆزىنى ئاڭلىق چېنىقتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش. مەركەز بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى بىر مەزگىل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەردىن ئىستىل تۈزىتىش روھى ئارقىلىق تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزلىرىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نىشانلىق ھالدا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇنداق قىلىش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئىش ناھايىتى مۇھىم، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىستىل تۈزىتىش روھى ئارقىلىق ھەل قىلىش دېگەنلىك توغرا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، يولداشلارچە تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى، ياخشى چارىسى بولۇپ، ھازىرمۇ كارغا كېلىدۇ. پارتىيە ئىچىدىكىلەر قانداق كىشى بولۇشىدىن، ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەنقىدنى قوبۇل قىلىشى، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد

قىلىشى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى تېخىمۇ باشلامچىلىق بىلەن توغرا قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ھازىر بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ياخشىچاقلىق يامراپ كەتتى، خاتا نەرسىلەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلدى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالى خېلى دەرىجىدە تاشلاپ قويۇلدى. پرىنسىپتىن ۋاز كېچىپ، ئىختىلاپلارنى بېسىپ ھەممىنى تىنچىتىدىغان ئاجىزلىق، بوشاڭلىق ھالەتلىرىنى تۈزىتىش كېرەك. بىز ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشىمىز، لېكىن ئىلگىرىكى سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتەك خاتا ئۇسۇلدىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك.

مەن بۇ يەردە بىر مەسىلىنى تەكىتلىمەكچىمەن، ئۇ بولسىمۇ، سوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە رەھبىرىي كادىرلار ياخشى ئىدىيىۋى ئىستىل شەكىللەندۈرۈشى كېرەك دېگەن مەسىلە. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ 2-قارارلىق مۇھاكىمە كۇرسىدا مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ، سەككىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۈگۈن مەن يەنە ھەر بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆزىنى بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە تونۇشىنى، ئۆزىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا دەڭسەپ كۆرۈشىنى، ئۆزىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن. مۇشۇنداق قىلغاندا، ياخشى ئىدىيىۋى ئىستىلنى ساقلىغىلى، تۆۋەندىكى ”ئۈچ توغرا مۇئامىلە قىلىش“نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، يولداشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش. بىزنىڭ بەزى رەھبىرىي كادىرلىرىمىز باشقىلارغا تەلەپ قويۇشتا قاتتىق، ئۆزىگە تەلەپ قويۇشتا كەڭ، ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى ياخشى، باشقىلارنىڭ ھەممە نېمىسى مېنىڭكىگە يەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشالماسلىقى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ياخشى ئىجرا قىلالماسلىقى كۆپىنچە مۇشۇ ئىللەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭ بولۇشى، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ناھايىتى كەمتەر بولۇشى كېرەك. ئەگەر كۆكسى-قارنى كەڭ بولمىسا، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلىمىسا، ئۆزىنى ئۆزى بېكىندۈرۈۋالسا، كوللېكتىپتىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھەتتا يېتىم قالىدۇ. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆزئارا ئىشىنىشى، بىر-بىرىنى قوللىشى، بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، جۈملىدىن بىر-بىرىنىڭ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك، بىر-بىرىگە ئورا كولاشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ”ئىتتىپاقلىق كۈچ“ دېگەن ناخشىنى ياڭراق ئېيتىشى، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار بىر بەن ئادەمنى ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى، رەھبەرلىك بەنزىسى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، تەشكىلگە توغرا مۇئامىلە قىلىش. كومپارتىيە ئەزالىرى قانداق خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشى-دىن قەتئىينەزەر، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى. ھەر بىر كىشىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يېتىشتۈرۈشى، تەربىيىسى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلمايدۇ. پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ماسلىشىشى بولمىسا، شەخسىينىڭ ئىقتىدارى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان تەقدىردىمۇ ھېچقانداق چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ۋاقىتتا خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا، خىزمەتتىكى نەتىجىسىنى پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن سودىلىشىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئۆزىنى پارتىيە تەشكىلاتىدىن ئۈستۈن قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. نەتىجە قانچە زور بولغانسېرى شۇنچە كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشى، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىشى، خىزمەتنى قېتىرقىنىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزىلەر خىزمەتتە نەتىجە قازىنىپلا ئۆزىنى بىلەلمەي قالدى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەربىيىسى ۋە نازارىتىنى رەت قىلدى، نەتىجىدە موللاق ئاتتى. بۇ جەھەتتىكى ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاممىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش. خەلق ئاممىسى پارتىيىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي شەرتى. بارلىق رەھبىرىي كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى، ئۇلارنىڭ ئاممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى باشتىن-ئاخىر ئامما ئارىسىغا قويۇپ، ئاممىنى ھەر ۋاقىت ئويلىشى، ئاممىغا قەتئىي ئىشىنىشى ۋە تايىنىشى، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار قىيىنچىلىق قانچىكى كۆپ جايلارغا، ئاممىنىڭ پىكرى قانچىكى كۆپ، زىددىيەت قانچىكى مەركەزلەشكەن جايلارغا شۇنچە بېرىشى كېرەك. لېكىن بەزى رەھبىرىي كادىرلار يۇقىرىدا تۇرۇۋېلىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا، ئامما ئارىسىغا بارمايۋاتىدۇ، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا بىر قىسىم ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن، ئۇ يەردىكى بەزى رەھبىرىي كادىرلار بولسا ئومۇمنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ-چېچىپ، يېيىش-ئىچىش، ئويناش، كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، ئاممىنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ. پارتىيىمىز مۇنداق ھادىسىلەرگە چىداپ تۇرالامدۇ؟ مەركەز دۈشمەن كۈچلەرنىڭ پارتىيىمىزنى تاشقى جەھەتتىن ئاغدۇرۇپ تاشلىشىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى، ھەقىقىي قورقۇنچلۇقى ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىش

ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بۇ مەسىلىدە چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، بۇنداق يامان كەيپىياتلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

## 4. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتە ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك

نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى پۇختا ئەۋج ئالدۇرۇش-ئالدۇرالماسلىق، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش-قىلالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشتا.

ئۆگىنىش ئۇسلۇبى مەسىلىسى ئۆز نۆۋىتىدە پارتىيە ئۇسلۇبى مەسىلىسى بولۇپ، پارتىيىنىڭ گۈللىنىشى، خارابلىشىشى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە. يولداش ماۋ زېدۇڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى نەزەرىيە قورالى ئارقىلىق ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى ئىزچىل تەكىتلىگەن. ئۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى تىكلەش ۋە جارى قىلدۇرۇشنى پارتىيىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىشىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ”بىرىنچى مۇھىم مەسىلە“ دېگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا پۈتۈن پارتىيىنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يېڭى يولىنى ئېچىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. تارىخ ئۆگىنىش ئۇسلۇبى توغرا بولسا، ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تاپىدىغانلىقىنى؛ ئۆگىنىش ئۇسلۇبى توغرا بولمىسا، ئىشلىرىمىزنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ماركسىزمنى ئۆگىنىشتە چوقۇم دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، بىز قىلىۋاتقان ئىشلارنى مەركەز قىلىش، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاشنى نەزەردە تۇتۇش، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈ-

زۆشنى نەزەردە تۇتۇش، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتۇش لازىملىقى تەكىتلەندى. بۇ "بىر مەركەز، ئۈچ نەزەردە تۇتۇش" ئۆتمۈشنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ چىقىرىلغان توغرا خۇلاسە، پارتىيىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى كونكرېت گەۋدىلىنىشى. ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، كادىرلار قوشۇنىمىز ئومۇمەن ئېيتقاندا ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇردى. بۇ ئاساسىي ئېقىمنى ئىنكار قىلساق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈندىن-كۈنگە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىۋاتقانلىقى ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا غايەت زور كۈچ ھاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز. لېكىن شۇنى كۆرمەي بولمايدۇكى، بىر قىسىم كادىرلاردا، جۈملىدىن بەزى رەھبىرىي كادىرلاردا ئۆگىنىش ئۇسلۇبى توغرا بولماسلىق ھادىسىلىرى ھېلھەم ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت، بەزىلىرى نەزەرىيە ئۆگىنىشكە قىزىقمايۋاتىدۇ، ئۆگەنسەك-ئۆگەنمىسەك كارايىتى چاغلىق، دەپ قاراۋاتىدۇ، ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ، كۆپ بويىچە ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىلىرى ئۆگىنىشتە قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيۋاتىدۇ، يۈزەكى ئۆگىنىپ قويۇش بىلەنلا توختاپ قېلىۋاتىدۇ، يېرىم-ياتا بىلىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىمەيۋاتىدۇ. بەزىلىرى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئايرىۋېتىپ، كىتابتىكىنىلا ئاساس قىلىۋاتىدۇ، دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى نەزەرىيە قورالى ئارقىلىق ھەل قىلمايۋاتىدۇ، ياكى ھەل قىلىشنى بىلمەيۋاتىدۇ. بەزىلىرى ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىقلىرىنىلا ئۈزۈپ ئېلىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ خاتا چۈشەنچىلىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە مەركەزنىڭ روھى دەۋاتىدۇ. بەزىلىرى يۈزەكى ئىشلارنى قىلىپ شەكىلۋازلىق قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماي، دېگىنى بىر خىل، قىلغىنى يەنە بىر خىل بولۇۋاتىدۇ. مۇنداق ھادىسىلەر بىر قىسىم كىشىلەردە ساقلانغان بولسىمۇ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئاقساتتى، ئۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن زور. شۇنىڭ ئۈچۈن، ناتوغرا ئۆگىنىش ئۇسلۇبىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىش ناھايىتى زۆرۈر.

بىزنىڭ ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلىشىمىز كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى ئىگىلەپ، دۇچ كەلگەن ھەر خىل مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشقا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش،

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئىزدىنىش غەيرىتىنى ئىلمىي، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىشىمىز، تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى ھەق-ناھەق، پايدا-زىيانغا "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشىمىز، ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارەت بىلەن ئىشلەشتەك روھىي ھالەت ئارقىلىق يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

مەن ئاخىردا يەنە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى قوراللاندۇرۇش، نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىلغارلارغا ئىلھام بېرىش، ئارقىدا قالغانلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەز ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات، تەشۋىقات تارماقلىرى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، مەركەز ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر يەنە ناھايىتى ئېغىر، كۆپچىلىكنىڭ يەنىمۇ تىرىشىپ، مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىدىن ئېلىنغان تارىخىي ئىلھام

**يۈ يۇڭبو**

بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلىگە كىرگەندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ چاڭجياڭ دەرياسى ۋە سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى، نېنجياڭ دەرياسى ۋادىلىرى كەينى-كەينىدىن يۈز يىلدىمۇ ئۇچراپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ دانا رەھبەرلىكى ئاستىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئارمىيە ۋە خەلق بىر نىيەتكە كېلىپ، توسمىنى جان تىكىپ ساقلاپ، ئاخىرى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك باتۇرانە ھەرىكەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي ئاپەتنى بويسۇندۇرۇش تارىخىدا ئۆچمەس سەھىپە يېزىپ قالدۇردى.

يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان يېڭى ئەسىر ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنىمىزدا بۇ قېتىمقى كۆلىمى زور، مىسلىسىز جاپالىق بولغان كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە نەزەر سالساق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى قوغداش، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بارغان 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىنى قوغداش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنى قوغداش بىلەنلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدە، پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە بىزگە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭقۇر ئىلھام بەردى.

# يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاجايىپ رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ قۇدرەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە ئۇنىڭ يادروسى بىزنىڭ بارلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى سىياسىي كاپالەت

بۇ يىلقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى باشتىن-ئاياغ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كەسكىن كۈرەش ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەمكىن ھالدا ئىش كۆرۈپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خەلقنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك كۈرەشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىرىنچى ئورۇندىكى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، كەلكۈن ئەھۋالىغا، ئاپەت ئەھۋالىغا، شۇنداقلا كەلكۈنگە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، داۋاملىق ئىلمىي تەدبىر ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇردى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگەللەپ، پۈتۈن مەملىكەتكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۈچ دەرياغا قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ، يۈز مىليونلىغان ھەربىي ۋە خەلقنى باشلاپ كەلكۈنگە قارشى بىر مەيدان قاينام-تاشقىنلىق، ھەيۋەتلىك كۈرەش ئېلىپ باردى. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا رەئىس جياڭ زېمىن ئېنىق قىلىپ "توسمىنى جان تىكىپ ساقلاش" ۋە "ئۈچكە كاپالەتلىك قىلىش"تىن ئىبارەت توغرا فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان كۈرەش شوئارى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يۈز مىليونلىغان ھەربىي ۋە خەلقنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشتىكى بىردەك ھەرىكىتىگە ئايلاندى. كەلكۈن ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، رەئىس جياڭ زېمىن ئىستراتېگىيەچىگە خاس زور جاسارەت بىلەن ئارمىيە بىلەن خەلقنى ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم تەدبىرنى چىقاردى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، تېزدىن چاڭجياڭ بويىدا ۋە سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى، نېنجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىدا چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى ۋە شەرقىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدىن بۇيان ئەسكىرىي كۈچ ئەڭ كۆپ سېلىنغان جەنۇبىي

ۋە شىمالىي ئىككى چوڭ كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش جەڭ مەيدانىنى شەكىللەندۈردى. چاڭجياڭ دەرياسىدىكى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتىدە، رەئىس جياڭ زېمىن كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سەپىگە بېرىپ، كۈرەش قىلىۋاتقان كەڭ كادىر، ئامما ۋە ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى، شۇنداقلا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرغۇچى ھەربىيلەر ۋە خەلقنىڭ كەلكۈن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىرادىسىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەردى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ 6-قېتىملىق قىيان پەللىسى سۇ ئۆرنىنىڭ تارىختىكى يېڭى رېكورتىنى ياراتقان پەيتتە، رەئىس جياڭ زېمىن كەسكىنلىك بىلەن ئەسكىرىي كۈچنى يۆتكەپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرغۇچى قىسىملارنى پۈتۈن سەپ بويىچە جەڭگە ئاتلىنىپ، ئومۇمىي دائىرىدە ھوشيار بولۇش، نۇقتىلىق مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرىدى. جەنۇبتىكى ۋە شىمالدىكى ئىككى چوڭ جەڭ مەيدانىدا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلگەن پەيتتە رەئىس جياڭ زېمىن ئۆزى يەنە خۇنەن، جياڭشى ۋە خېيلۇڭجياڭدىكى ئاپەت رايونلىرىغا بېرىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يۇرت-ماكانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا يېڭى سەپەرۋەرلىك قىلدى. قىسقىسى، جەنۇبتىكى ۋە شىمالدىكى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش جەڭ مەيدانىدا خەتەرلىك ئەھۋاللار كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگەن، جىددىي مۇراجىئەت ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان خەۋپلىك پەيتتە، رەئىس جياڭ زېمىن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، كەڭ ھەربىيلەر ۋە خەلققە قوماندانلىق قىلىپ مۇدھىش كەلكۈننى توسۇپ، كۆپ قېتىم خەۋپ-خەتەرنى خەۋپسىزلىككە ئايلاندۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ باش قوماندانىغا خاس ئاجايىپ قوماندانلىق سەنئىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس جاڭ زېمىننىڭ توغرا تەدبىرى ۋە دانا قوماندانلىقى يۈز مىليونلىغان ھەربىي ۋە خەلقنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، كەلكۈن ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى قاتتىق ئىشەنچىسىگە ۋە زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاجايىپ رەھبەرلىك ئىقتىدارى يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە مەكىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى ۋە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدىكى يۈكسەك ئىناۋىتى ۋە غايەت زور چاقىرىق قىلىش كۈچى يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ تولۇق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم تۈپ سىياسىي كاپالىتى.

8-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، مەن رەئىس جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە تۆت باش بۆلۈمىنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ چاڭجياڭ دەرياسىدىكى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ قىسىملاردىن ھال سورىغىلى باردىم، ئۇ يەردە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم ماڭا مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز كەلكۈن ئاپىتىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بولۇپ، كەلكۈننى خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك يامان كۆرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئالدىدا دەريا بويىدىكى خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن خەتەر ئالدىدا قورقمايدۇ؟ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇقىم تۇرالايدۇ؟ يۈز مىليونلىغان كەلكۈنگە قارشى تۇرغۇچى ھەربىي ۋە خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن ئىرادىدىن قايتماي باشتىن-ئاخىر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تاقابىل تۇرالايدۇ؟ چۈنكى خەلقنىڭ قەلبىدە بىر يۆلەنچۈك بار، ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس جياڭ زېمىننىڭ قەتئىي رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئۆتكەنكى زامانلاردىكى "ھەممە يەرنى ئاچ قېلىپ ئۆلگەنلەر، يىغا-زارە قاپلىغان" تارىخىي پاجىئەنىڭ قايتا بولمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئون يىلغا يېقىن ئەمەلىيەت جەريانىدا تۇرغۇزغان پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ۋە ئۇنىڭ يادروسىغا بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك جۇڭگو خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپلا قالماي، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن-مائارىپ، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە قاتارلىق ساھەلەردە دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇدەك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا قەدىرلىك دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى باشلاپ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەر خىل زور، مۈرەككەپ ئىچكى-تاشقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا پارتىيىنىڭ، ئارمىيىنىڭ، خەلقنىڭ قەلبىگە ياققىدىغان بىر قاتار دانا تەدبىرلەرنى چىقاردى. شياڭگاڭنىڭ ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىنىشى، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئامېرىكىغا قىلغان زىيارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى، شۇنداقلا بۇ يىل ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈش، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى

كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش، چېن شىتۇڭ قاتارلىق پارتىيە ئىچىدىكى ئېغىر دەرىجىدە چىرىكلەشكەنلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىكنى سېتىش پائالىيەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق جەھەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى ۋە كېڭەيتتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى زور ئىلھام ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتتىكى، پارتىيىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئومۇمىيەتنى ۋە ھەر تۈرلۈك مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپىدۇر، ئۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ سادىق، ئىشەنچلىك ئىزباسارى ۋە جاسارەتلىك، يارامىلىق باشلامچىسى بولۇشقا مۇناسىپ. يولداش جياڭ زېمىن بۇ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيىنىڭ داھىيسى ۋە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىشەنچىسىگە ۋە چىن كۆڭلى بىلەن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى.

تارىخ گوياكى بىر ئەينەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ھېچقانداق بىر پارتىيە ياكى گۇرۇھ كومپارتىيىگە ئوخشاش خەلقنىڭ قەد كۆتۈرۈپ خوجايىنغا ئايلىنىشىغا، كۆرەش قىلىپ بەختنى ئىزدىشىگە رەھبەرلىك قىلالىغان ئەمەس، خەلق بىلەن ھەمدەمدە بولۇپ، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولالىغان ئەمەس. ئەسىر ئاخىرىدىكى تەبىئىي ئاپەت بىلەن بولغان بۇ بىر مەيدان كۆرەش ئەمەلىيىتى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كومپارتىيىسى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، جۇڭگونى پەقەت كومپارتىيىلا قۇتقۇزالايدۇ. بىز ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش بولغاچقا، ئىلگىرىلەش جەريانىدا ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرگە دۇچ كېلىشىمىز مۇقەررەر. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ئاتاكا قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە باشقا بەزى دۆلەتلەردىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يەنىلا داۋاملىق بولۇۋاتىدۇ، بەزى يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر يەنىلا داۋاملىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىزدە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنى ئالغا سۈرۈشتە تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولىمىز. ئارمىيىمىز

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خەلق ئارمىيىسى، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى ئارمىيىمىزنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان جان تومۇرى، پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشقا بولغان يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس جياڭ زېمىننىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇشنى پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق ھەرىكىتىدىكى ئەڭ ئالىي مىزانى قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى تېخىمۇ قەتئىي ھالدا قوغدىشى، ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك.

## سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە. بۇنداق بۈيۈك مىللىي روھ بىزنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خىيىم-خەتەرلەرنى يېڭىشىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە، ئورتاق غايە، ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق مەنپەئەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى پولاتتەك يىمىرىلمەس كوللېكتىپ قىلىپ ئۇيۇشتۇردى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچى مىسلىسىز نامايان بولدى. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىدە 8 مىليون ئېگىلمەس-سۇنماس جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرى ئىتتىپاقلىشىپ ئېلىشىپ، قانلىق جەڭ قىلىپ، ”بىزلا بولىدىكەنمىز توغان بولىدۇ، توغاننى ھايات-ماماتىمىز بىلەن ساقلاپ قالىمىز“ دېگەن ئىرادە بىلەن ئۇچ دەريانىڭ بويىنى مەھكەم ساقلىدى. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىدە، كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن پۇل ۋە نەرسە-كېرەك ئىئانە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىزاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە چەت-نامرات رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى خەلق ئاممىسى بار، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلەردىكى قان-قېرىنداشلار ۋە چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇق قېرىنداشلارمۇ بار. ئىئانە قىلغان پۇلنىڭ ئىچىدە كارخانىچىلارنىڭ مىليونلاپ، ئون مىليونلاپ پۇللىرى بار، ياشانغانلارنىڭ كېسەل داۋالايدىغان پۇللىرى، يېتىملارنىڭ تېجەپ قېلىنغان پۇللىرى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمدىلا قولغا ئالغان

مۇئاشى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ نەپىقە پۇللىرىمۇ بار. پۈتۈن كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە قېرى، ياش دەپ ئايرىلمىدى، جەنۇپ، شىمال دەپ ئايرىلمىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پارتىيىنىڭ بايرىقى ئاستىدا بىردەك ئىرادە، بىردەك قەدەم، بىردەك ھەرىكەت بىلەن كۈرەش قىلدى، پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئامما، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەھشىي كەلكۈنگە تاقابىل تۇرىدىغان غايەت زور كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتى. خۇددى رەئىس جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك: ”بىزنىڭ بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئىپادىلىدى، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا مۇنداق بىر ئوبرازنى كۆرسەتتىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى يېڭىلمەستۇر!“

مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچى دېگەنلىك بىر دۆلەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىتتىپاقلىقىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل تۈگىمەس روھىي كۈچ دېگەنلىكتۇر. بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەزەلدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋە غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە بۈيۈك مىللەت، كۆپ ئىسسىق-سوغۇق، جاپا-مۇشەققەتتە ئۆتكەن بەش مىڭ يىللىق تارىخ ئېقىنىدا، ھەر قېتىم ئىچكى جەھەتتە ئەنسىزلىك يۈز بەرگەندە ياكى سىرتتىن تاجاۋۇزچىلار بېسىپ كىرگەندە، بىزنىڭ خەلقىمىز ھامان قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ئۇلۇغ كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالايدۇ. دەل مۇشۇنداق توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، جاپا-مۇشەققەت-كە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە تەڭ كۈرەشكە ئاتلىنىدىغان مىللىي روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، قەدىمىي مىللىتىمىز ياشاش يولىدا، تەرەققىيات يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرسىمۇ خارابلاشماي، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ خىل دەۋرلەرنىڭ چېنىقتۇرۇشىدىن ئۆتكەن مىللىي روھ دەل پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۈز مىليونلىغان كەلكۈنگە قارشى تۇرغۇچى ھەربىي ۋە خەلقنىڭ غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ نېگىزى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان-لىقتىن، جەمئىيەتتە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ بولمىغان پاسسىپ ھادىسىلەر پەيدا بولغانىدى. ئەمما، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ھەممە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ يۈكسەك بىرلىكىنى، دۆلەت بىلەن خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ يۈكسەك بىرلىكىنى بەلگىلىدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، كوللېكتىپچىلىق ئىدىيىسى، دۆلەتكە خوجا بولۇش ئىدىيىسى ۋە ئىتتىپاقلىشىش، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش ئىدىيىسى مۇقەررەر ھالدا ئېلىمىز ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى بولۇپ قالىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سوتسىيالىستىك

ئۇلغار ئىدىيە ۋە دەۋر روھىنىڭ يەنىمۇ ئۇلغۇرلىنىۋاتقان ھالدا بىرىكىشى بىلەن، تېخىمۇ زور ھەم قىممەتلىك بولغان مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئۇرغۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. بۇ خىل ئۇيۇشۇش كۈچى ئەۋزەل بولغان سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدا يەنە چوقۇم تولۇق جارى بولغۇسى. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇلدۇرۇشتا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ "بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش"تەك سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلە روھى، كەلكۈن بولۇش رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ "كىچىك ئائىلىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ چوڭ ئائىلىنى قوغداش"تەك ئالىيجاناب پەزىلىتى، ئاپەت رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ "ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ دۆلەتكە ئارتۇقچە تايىنىۋالماسلىق"تەك يۇقىرى ئېڭى، مۈشكۈل ئەھۋالدا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان قېرىنداشلىق مېھرى ۋە ئارمىيە- خەلقنىڭ چوڭقۇر مېھرى—مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ "ئىككى قولدا تۇتۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتكەنلىكىنىڭ مول نەتىجىسىنى كۆرسەتتى.

بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، بىزنىڭ مىللىي روھىمىز سوتسىيالىزم شارائىتىدا يۈكسەلدۈرۈلۈپ، تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولدى؛ بىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىمىز دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى كۈرەشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر مۇشۇنداق مىللىي روھنىڭ تەربىيىلىشى ۋە ساپلاشتۇرۇشى بىلەن، مىللىتىمىزنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇ خىل كۈچكە ئىگە بولغاندا، غەيرەتكە كېلىپ قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز، ئېگىلمەس-سۇنماس كۈرەش ئىرادىسىنى تۇرغۇزالايمىز، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ چىقالايمىز، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتالايمىز، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بۇ دۇنيادىكى مۆجىزىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتالايمىز. ئۆتكەنكى زامانلاردا مىللىتىمىز مۇشۇنداق كۈچكە تايىنىپ پارلاق نەتىجە ياراتقانىدى، بۈگۈنكى كۈندە مىللىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا، مۇشۇنداق كۈچكە تايىنىپ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەكنىمۇ چوقۇم يارىتالايمىز. بىز رەئىس جياڭ زېمىننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق، پۈتۈن ئارمىيىدىكىلەرگە قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى توغرىسىدا ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ مىليونلىغان-يۈز مىليونلىغان

ھەربىي ۋە خەلق بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش داۋامىدا ياراتقان ”ھەممەيلەن بىر قەلب بولۇپ ئۈيۈشۈپ، يەكدىللىق بىلەن كۈرەش قىلىش، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىش، ئىرادىدىن قايتماي، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش“تىن ئىبارەت كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشىمىز، مۇشۇنداق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مىللىي روھنى ھەربىي قىسىملارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى قىممەتلىك بايلىق ۋە ئەڭ ياخشى دەرسلىك قىلىپ، كەڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرگە بۇ خىل مىللىي روھنى ھەسسىلەپ قەدىرلەش ۋە قوغداش، بۇ خىل مىللىي روھنى ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئەمەلدە كۆرسىتىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئارمىيىمىزنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

## ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويغان جۇڭگو تولۇق ماددىي ئاساس ۋە تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەرقانداق خېيىم-خەتەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشىمىزنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئاپەت بىلەن قىلغان كۈرىشى بىرەر دۆلەتنىڭ، بىرەر جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۈچۈن بىر سىناق ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىز تەبىئىي ئاپەت پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بىر دۆلەت، تارىختا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل بولغان. چاڭجياڭنى مىسالغا ئالساق، مۇشۇ ئەسىردە پۈتۈن دەريا ۋادىسى بويىچە جەمئىي ئۈچ قېتىم يەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈن بولغان، گەرچە بۇ يىلقى كەلكۈننىڭ داۋام قىلغان ۋاقتى، قىيان يەللىسىنىڭ سانى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېغىرلىق دەرىجىسى ئىلگىرىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنى ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق كەلكۈننىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئازايدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغان 20 يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق چېنىققان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان جۇڭگو يەۋقۇلئاددە چوڭ تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا

قالماي، بەلكى زىيانىنى ئازايتىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا ماڭدى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازاد قىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا باستى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈلدى. دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشى بىلەن، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى باياشات بولدى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سۇ ئىنشائاتى، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سالغان سېلىنمىسىمۇ ئاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى. بۇ خىل ئىقتىدار بۇ يىلقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش داۋامىدا تولۇق نامايان بولدى. مەسىلەن، زامانىۋى قاتناش-ترانسپورت ۋە ئالاقە مۇئەسسەسىلىرىدىن ھاسىل بولغان، قۇرۇقلۇق يولى، سۇ يولى ۋە ھاۋا يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر تەرەپلىك جىددىي قۇتقۇزۇش سىستېمىسى، گېجۇبا، گېخبيەن قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنىڭ كەلكۈننى توسۇش، قىيان پەللىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئىقتىدارىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان ئەسلىھە، ماتېرىيال، قورال-سايمان قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ تولۇق تەمىنلىنىشى، شۇنىڭدەك يېمەكلىك، كىيىم-كېچەك، دورا قاتارلىق زور مىقداردىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ۋە ئاپەت رايونىغا ئۈزۈلدۈرمەي يۆتكەپ تۇرۇلۇشى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان ماددىي كاپالەتتۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مول ماددىي ئاساس ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش سىستېمىسى بولمىغان بولسا، بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە شۇنچە پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇچ-

قانداق تەرەققىي قىلغان پەن-تېخنىكا دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور تۆھپە قوشۇپلا قالماي، بەلكى ھەر قېتىمقى تەبىئىي ئاپەت بىلەن بولغان كۈرەشتە غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدا، سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە، قۇرۇلۇش، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ساھەلەردىكى زور بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئاكتىپلىق بىلەن كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي لايىھە ۋە سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سەپىگە بېرىپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلققە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە دائىر ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، باشقىلار ئورنىنى ئالمايدىغان مۇھىم رولىنى ئوينىدى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش بويىچە ھېسابلاش ماشىنىسى تورى، ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراھ رادار سىستېمىسى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن تەكشۈرۈش، سۇ ئاستىنى ئۆلچەش، تۇغاندىكى يوشۇرۇن ئاپەتنى تەكشۈرۈش قاتارلىق زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە ئىلمىي ۋاسىتىلەر مەركەزدىن جايلارغىچە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشتا تاشقىن ئەھۋالىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ماكرولۇق تەدبىر كۆرۈش، كەلكۈن سۇلىرىنى ساقلاش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە خەۋپنى تەكشۈرۈش، خەۋپنى تۈگىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلدى، بۇنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان جۇڭگو ئىلگىرى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋاقتىنچە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشتەك سىياسىي بوران-چاپقۇندا چىڭ پۇت دەسسەپ تۇرغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە يەنە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئېغىر تەبىئىي ئاپەت بىلەن بولغان كۈرەشتە سىناقتىن ئۆتتى. بۇ قېتىمقى پەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈننىڭ ھۇجۇمى ۋە چېنىقتۇرۇشى ئارقىلىق، بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ مىسلىسىز توغرا ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مىسلىسىز توغرا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندا، سوتسىيالىستىك جۇڭگو ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە جۇشقۇنلۇقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدۇ، تۇرلۇك قىيىنچىلىق ۋە بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ. خەلق

ئازادلىق ئارمىيىسى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ ساداقەتلىك ئىجرا قىلغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى، بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ قەتئىي ھالدا ئېگىز كۆتۈرۈشكە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە رىغبەتلەندۈردى. بىز ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلىش، قوللاشنى، ئومۇملۇققا بويسۇنۇش، ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى قىسىمنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ دەۋر تېمىسى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپىسى قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، قەتئىي بوشاشماي ئۈنۈملۈك تۇتۇشىمىز كېرەك. پۈتۈن ئارمىيە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئاڭلىق بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئاكتىپ قوللىشى، ھەمدە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

**پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خەلق ئارمىيىسى كۈچ-لۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە. رەئىس جياڭ زېمىننىڭ "بەش جۈملە سۆزى" دىكى ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن قىسىملار قۇرۇلۇشىنى ھەر تەرەپلىمە تۇتۇش—يېڭى دەۋردە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ توغرا يۆنىلىشى**

بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز ئەزەلدىن دۈشمەنگە يېڭىلگەن ئەمەس، بۇنى سان-ساناقسىز تارىخىي پاكىت ئىسپاتلىغان. بىراق، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلۇۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئارمىيىمىزنىڭ خەلق ئارمىيىسىگە خاس خاراكتېر، خىسلەت ۋە ئىستىلىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاش-ساقلىيالماسلىقى، مەڭگۈ ۋەتەننى ۋە خەلقنى قوغدايدىغان پولات سېپىل بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يېڭى بىر قاتتىق سىناق. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئالاھىدە ئۇرۇش، ئارمىيىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر قېتىملىق

ئەمەلىي سىناق، قىسىملىرىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئەمەلىي سىناق، ئارمىيىمىزنىڭ رېئال جەڭگىۋارلىقى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئەمەلىي سىناق دېيىشكە بولىدۇ.

"شىددەتلىك كەلكۈن ئالدىدا قەھرىمانلار خىسلىتىنى نامايان قىلدى." كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەردە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارمىيىمىز كوماندىر-جەڭچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان يۈكسەك سىياسىي ئېڭى ۋە ئېغىشماي ئالغا بېسىپ، بارلىق دۈشمەننى بېسىپ چۈشىدىغان باتۇرانە جاسارىتى بىلەن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرغان جەڭگىۋار ئوبرازىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك رادىيو، تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردىن ئاڭلاپ تۇردى ۋە كۆرۈپ تۇردى. ئارمىيىمىزنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلەلەيدۇ، كۈرەشتە غەلىبە قىلالايدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قىسىملار چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ، جىددىي ئېھتىياجغا يارىشا ستىرېولۇق يۆتكىلىشنى يولغا قويۇپ، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ھەممىسى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ باردى. بۇنچىۋالا كۆپ قىسىم مىڭ چاقىرىم يول يۈرگەن ۋە كەينى-كەينىدىن يۆتكىلىپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ ھېچقايسىسى ئىشقا دەخلى يەتكۈزمىدى، ھېچقانداق چوڭ ھادىسە يۈز بەرمىدى. ئارمىيىمىزنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى قاتتىق جەڭ قىلىشقا، خەتەرلىك شارائىتتا جەڭ قىلىشقا ماھىر، قەيەردە جىددىي، خەتەرلىك ۋەزىيەت بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ، ئۇلار "پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خاتىرجەم تۇرسۇن، رەئىس جياڭ زېمىن خاتىرجەم تۇرسۇن" دەپ قەسەم قىلىپ، جىڭجياڭ تۇغىنىنى جان تىكىپ قوغدىدى، جيۇجياڭنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن يېرىنى ئەتتى، ۋۇخەندە بىرلەشمە جەڭ قىلدى، جياڭشىنجۇدىكى خەتەردە قالغان ئاممىنى جىددىي قۇتقازدى، داچىڭ نېفىتلىكىنى قوغدىدى، خاربىندىكى توسمىدىن تېشىپ كەتكەن كەلكۈن سۈيىنى توستى، كۆپ قېتىملىق قىيان پەللىسىگە تاقابىل تۇردى، ئۇلار كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش داۋامىدا ھەقىقىي مۇستەھكەم تۆۋرۈك بولۇپ تۇردى. ئارمىيىمىزنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي، ئۆز تېنىنىڭ بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتكەن روھىي كۈچ ئارقىلىق كەلكۈنگە قارشى جان پىدالىق بىلەن ئېلىشتى، ئۇلار ئەينى يىللاردىكى مىلتىق ئاغزىنى توسقان خۇاڭ جىگۇاڭدەك ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن يار ئېلىپ كەتكەن كەلكۈننى توستى، شاڭگەنلىڭنى قوغدىغاندىكىدەك توسمىنى جان تىكىپ قوغدىدى. جەڭچىلىرىمىز 40 گرادۇسقا يېقىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ھەر كۈنى توسما تۆپىسىگە نەچچە ئون كىلوگراملىق قۇم، شېغىل قاچىلانغان تاغاردىن نەچچە يۈزنى توشۇپ، 40-50 كۈن ئىشلەپ قاتتىق چارچىدى، بەزى جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدا پىرانىڭ چىشلەپ

تۇرغان، پۈتى سۇغا چىلاپ تۇرغان پىتى ئۇخلاپ كەتتى، بەزى ياش جەڭچىلىرىمىز بولسا چارچاپ قان تۆكۈردى ياكى ئىش ئورنىدا هوشىدىن كەتتى. گۇاڭجۇ هەربىي رايونىغا قاراشلىق ”تاشەن تېغىنى قوغدىغۇچى قەهرىمان قىسىم“ جەڭچىسى لى شياڭچۈن دۈشمەندىكى خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئىشىدا كېسەل تۇرۇقلۇق كەلكۈن بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىرى توسما ئۈستىدە هوشسىزلىنىپ، ئەمدىلا 21 ياشقا تولغان قىممەتلىك هاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئارمىيەمىزنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى مەدەنىيلىكنى تەكىتلەپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، يەرلىك هۆكۈمەتتىن هال سوراپ بەرگەن پۇلنى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە قىلىپ بەردى. قوبۇل قىلماسلىققا زادى ئامال بولمىغان بۇيۇملارنى پۇلغا سۇندۇرۇپ قايتۇرۇپ بەردى، قىلچىلىك نەرسىنىمۇ قوبۇل قىلماي، ”هەيۋەتلىك قوشۇن“، ”مەدەنىيەتلىك قوشۇن“ بولۇشتەك ياخشى ئوبرازىنى كىشىلەر ئالدىدا نامايان قىلدى. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش داۋامىدا، ئارمىيەمىزدىكى هەر دەرىجىلىك رەهبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۈلگە كۆرسەتتى، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى هۇجۇمدا ئالدىدا ماڭدى، 110 نەچچە گېنېرال ۋە بەش مىڭ نەچچە يۈز شى-تۈەن دەرىجىلىك كادىرلار بىرىنچى سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلدى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ”كەلكۈنگە قارشى تۇرغۇچى قەهرىمان“ گاۋ جيەنچېڭ، ”كەلكۈنگە قارشى تۇرغۇچى پولات جەڭچى“ ۋۇ لياڭجۇ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم قەهرىمان-نەمۇنىچىلەر ۋە ئىلغارلار مەيدانغا كەلدى. پاكىتلار ئارمىيەمىزنىڭ سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تەلپىگە مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. رەئىس جياڭ زېمىن ئارمىيەمىزگە پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەهبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسى بولۇشقا مۇناسىپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پەرزەنت ئەسكەرلىرى بولۇشقا مۇناسىپ، دۆلەت ۋە خەلقنى قوغدايدىغان پولات سېپىل بولۇشقا مۇناسىپ، پارتىيە ۋە خەلق تامامەن ئىشىنىدىغان ئىنقىلابىي قىسىم“ دەپ يۈكسەك باها بەردى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، رەئىس جياڭ زېمىن ماۋ زېدۇڭنىڭ هەربىي ئىدىيىسىگە ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇش ئىدىيىسىگە ئاساسەن، ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ فاڭجېنى، پرىنسىپى قاتارلىق بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇهىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا روشەن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش داۋامىدا، ئارمىيەمىزنىڭ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىيالىغانلىقى پۈتۈن ئارمىيىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇش ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇ-

رۈپ، رەئىس جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ”سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، ھەربىي جەھەتتە قابىل، ئىستىلى ياخشى، ئىنتىزامى چىڭ، كاپالىتى كۈچلۈك بولۇش“ ئومۇمىي تەلىپى بويىچە قىسىملار قۇرۇلۇشىنى ھەر تەرەپلىمە تۇتۇپ، جەڭگىۋارلىقنى ھەر تەرەپلىمە ئۆستۈرگەنلىكىدىن بولدى. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، پۈتۈن ئارمىيىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە رەھبەرلەر ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئاكتىپ ماسلىشىپ، چىرىتىشنى توسۇش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي تېمىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى قىسىملارنىڭ تۆرلۈك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرىنچى ئورنىغا قويۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئارمىيىنىڭ جان تومۇرىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قىسىملارنى قوراللاندۇرۇشتا، ۋەتەننى سۆيۈش، تۆھپە قوشۇش تەربىيىسى، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەربىيىسى، كادىرلارنى ھۆرمەت قىلىش-ئەسكەرلەرنى سۆيۈش تەربىيىسى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، ئارمىيىمىزنىڭ پارلاق ئەنئەنىسىنى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشتا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرى، خىسلىتى ۋە ئىستىلىنى ھەقىقىي ساقلاپ، بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك سىياسىي-ئىدىيىۋى كاپالەتكە ۋە زور مەنىۋى تۈرتكىگە ئىگە قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رەئىس جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىي تەلەپ دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇش ئىدىيىسىنىڭ كونكرېت تەتبىقلىنىشى بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بىز بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئارمىيىنى ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى ۋە تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي تەلەپنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى تۆرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرىنچى ئورنىغا قويۇشىمىز، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچ

ۋە ئىرادىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتىشىمىز، سىياسىي خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قىسىملارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى، پۈتۈن ئارمىيە سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. قىسىملار بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ يۈكسەك ماختىنىشىغا ئېرىشتى. بۇ يۈكسەك شان-شەرەپ ئالدىدا شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، نەتىجە ئالدى بىلەن پارتىيىگە، خەلققە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلانماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق ئىستىلىنى چوقۇم ساقلاپ، خەلق ئاممىسىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارمىيىمىزگە قىلغان غايەت زور غەمخورلۇقىنى ۋە تولۇق ئىشەنچىسىنى جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىشتىكى غايەت زور ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.

بىز ئەسىر ئالمىشىۋاتقان مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرماقتىمىز، دۆلەتنى ۋە ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىدىن ئىبارەت تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالغان. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئىشلىرىمىزغا بولغان ئىشەنچىمىزنى، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتى ھەمدە بىزنىڭ كۈرەش ئىرادىمىزنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: دولقۇن قادىر
رىسالەت ئابلا

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

ISSN 1006-5857

12>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:$\frac{\text{ISSN1006－5857}}{\text{CN11－2498/D}}$

邮发代号:2－373　定价:2.40元　邮政编码 100013